شى جىنپىڭ كۇبانىڭ دۆلەت رەئىسى ۋە چىلى زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەسپىي پىكىرگە ئاساسەن، ئىككى دۆلەتنىڭ نورمال ئالاقە، ھەمكارلىقىنى قوغداشتا چىڭ تۇردى، بۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە ماسلاشقانلىق، جۇڭگو تەرەپ كۇبا تەرەپ بىلەن سىزنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى چۈشەنگەنلىكىڭلار ۋە قوللىغانلىقىڭلارنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەن ئۆزۈم قوماندانلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۈزۈل ـ كېسىل ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندۇق. بىز بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاشتىن ئىبارەت ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپى ۋە ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى ۋە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنى گەۋدىلىك ۋەزىپە قىلىپ تۇتتۇق. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ئاكتىپ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار، كۆزىمىز يېتىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۆرىشىدە، بىز باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ۋاقتىدا ئۇچۇردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى، يامرىشىنىڭ تىرىشىپ ئالدىنى ئالدۇق. بىز يەنە كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كۇبا پۇقرالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى خادىملىرىنىڭ ساغلاملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى. جۇڭگو تەرەپ كۇبا تەرەپ بىلەن دورا ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ساھەسىدىكى ئالاقە ـ ھەمكارلىقنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭخۇا مىللىتى نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن باش ئېگىپ باقمىغان. يۇقۇمنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىغا بولغان زەربىسى قىسقا مۇددەتلىك، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك ئاساسىي ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولمىدى. بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئالغا سىلجىتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا، ئىنچىكە تۇتۇش بىلەن بىللە، بىر قاتار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تىرىشىپ بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. بۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچىمىز بار.

شى جىنپىڭ مۇنۇلار تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن كۇبا جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان، چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن ياخشى دوست، ياخشى يولداش، ياخشى قېرىنداش، جۇڭگو ـ كۇبا مۇناسىۋىتى تۈرلۈك بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، تارىختىن بۇيان ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرغان، ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ كەلگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى كۇبا تەرەپنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىنى بۇرۇنقىدەكلا قوللايدۇ، كۇبانىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەتئىي قوغداش، سىرتنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش ھەققانىي كۆرىشىنى قوللايدۇ ھەم داۋاملىق تۈردە كۇبا تەرەپنى قۇربىنىڭ يېتىشىچە قوللاشنى ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. بۇ يىل جۇڭگو ـ كۇبا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقى، بىز كۇبا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئالاقىدار تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ياخشى قىلىپ، ھەم بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقە ـ ھەمكارلىقنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايمىز.

دىئاز كانېل مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كۇبا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ ھەم قەتئىي قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ جۇڭگودىكى كۇبا پۇقرالىرىنى ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە ۋە ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. جۇڭگو تەرەپ كەسكىن يۇقۇم خىرىسى ئالدىدا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، تېزدىن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئىجابىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى تەدرىجىي قولغا كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ دۇنيا مىقياسىدا يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى، بۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك ئالقىشىغا ئېرىشتى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو تەرەپنىڭ قۇدرەتلىك ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە 2003 ـ يىلدىكى سارس يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا توپلىغان تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ، چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن تەلتۆكۈس غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. كۇبا تەرەپ بۇ مۇشكۇل پەيتتە جۇڭگو تەرەپ بىلەن قەتئىي بىللە تۇرىدۇ ھەم ھەر ۋاقىت جۇڭگودىن ئىبارەت قېرىنداشنى قۇربىنىڭ يېتىشىچە بارلىق ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. كۇبا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۇبانىڭ ھەققانىي ئىشلىرىنى قوللىغانلىقىغا ۋە كۇبانىڭ تەرەققىياتى، قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ، كۇبا بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، كۇبا ـ جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپ بويىچە چىلى زۇڭتۇڭى پىنىرا بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان يۈز بەرگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەن ئۆزۈم قوماندانلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۈزۈل ـ كېسىل ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندۇق. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ئاكتىپ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار، كۆزىمىز يېتىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ مەيدان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە، جۇڭگو تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ۋاقتىدا ئۇچۇردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى، يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئىجابىي باھا بەردى. چىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، بىز بۇنىڭغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭخۇا مىللىتى نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن باش ئېگىپ باقمىغان. يۇقۇمنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىغا بولغان زەربىسى قىسقا مۇددەتلىك، ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلغىلى بولىدۇ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي تەرىپى ئۆزگەرمىدى. بىز ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش بىلەن بىللە، بىر قاتار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تىرىشىپ بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن چىلى ئۆزئارا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلار، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئۇزاق مۇددەت جۇڭگو ـ لاتىن ئامېرىكىسى مۇناسىۋىتىدە ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى. بۇلتۇر زۇڭتۇڭ ئەپەندى جۇڭگودا مۇۋەپپەقىيەتلىك زىيارەتتە بولۇپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ يىل جۇڭگو ـ چىلى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، بىز بۇنى پۇرسەت بىلىپ، يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ قويۇق ئالاقىلىشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئالغا سىلجىتىشنى تۇتقا قىلىپ، سودا، سېلىنما، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، داۋاملىق كۆپ تەرەپلىلىكنى قەتئىي قوغداپ، سودىغا مەبلەغ سېلىشنى ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە قولايلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، بىرلىكتە كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق يەر شارىۋى خاراكتېرلىك خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو ـ چىلى دوستلۇقىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، جۇڭگو ـ چىلى ھەمكارلىقىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشىمىز كېرەك.

پىنىرا چىلى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغانلىقىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پىنىرا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قوماندانلىقىدا، جۇڭگو تەرەپ ئاجايىپ نەتىجە ـ ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي تىزگىنلىدى. جۇڭگو ئازاب ـ ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇلۇغ دۆلەت، سانسىزلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يەڭگەن. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق تەلتۆكۈس غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چىلى تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەل خىرىسىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى خالايدۇ. چىلى تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى دىپلوماتىيەدىكى ئالدىن تاللاش يۆنىلىشى قىلىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ تەرەپلىلىكنى ئورتاق قوغداپ، خەلقئارا ئىشلاردا ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، چىلى ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشتا ۋەزىپە مۈشكۈل، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش ئەڭ زۆرۈر. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئەسلىي مەقسەتنى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆز ئورنىدا ئۆز خىزمىتىنى ئويلاپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارت بولۇپ، زەربىدار بولۇشقا جۈرئەت قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، پائال رول ئويناپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ھەل قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى سىرداشى بولۇپ، خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، ئۇلارغا چىڭ تايىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى، تەشكىلىي ئەۋزەللىكى، ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئەۋزەللىكىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى قۇدرەتلىك سىياسىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپى، شۇنداقلا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بىرىنچى سېپى، تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك كادىرلار كەڭ كۆلەمدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. ئىدىيەۋى خىزمەتنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، كەڭ ئاممىنى چوڭ ۋەزىيەتكە بويسۇنۇشقا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە دائىر تۈرلۈك بەلگىلىمەلەرگە رىئايە قىلىشقا يېتەكلەپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئاكتىپلىق قوغدىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك كادىرلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ يولۇققان ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ۋاقتىدا ياردەم بېرىشى كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قاتارلىقلار تېخىمۇ كۆپ كادىر ئاجرىتىپ ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامغا ياردەم بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدا چېنىقىشنى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى نامايان قىلىشنىڭ سىناق تېشى ۋە بىلىيى قىلىشى كېرەك.

كادىرلارنىڭ سىياسىيدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ـ ئۆتەلمەيدىغانلىقىغا قاراشتا ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئىشەنچلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە بىزنىڭ كادىرلار قوشۇنىمىز ياخشى، سىناقلاردىن ئۆتكەن، لېكىن ئاز ساندىكى كادىرلارنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولمىدى، ھەتتا بەكلا ناچار بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كادىرلارنى تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈشى، ئىپادىسى گەۋدىلىك كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلىشى، دادىل ئىشلىتىشى، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىغان، قىلىدىغاننى قىلمىغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ، ھالقىلىق پەيتتە «قاچاق ئەسكەر» بولغانلارنى ئۆز جايىدىلا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشى كېرەك. ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىش ۋە تەقدىرلەش كېرەك، كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپلىرىنى ئۇرۇش سېپىدە پارتىيەگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

مەرد مەيداندا سىنىلار، ساپ ئالتۇن كۈچلۈك ئوتتا سىنىلار. بۇ مەيدان ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە كىرىزىسى پارتىيەمىز ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر مەيدان چوڭ سىناق. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، خەلق ئاممىسىغا چىڭ تايانساقلا، بىز چوقۇم بۇ مەيدان چوڭ سىناقتىن ئۆتەلەيمىز، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، تىرىشىپ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلققە، تارىخقا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرالايمىز!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تىزگىنلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات قىلىپ، پوچتا تېز يەتكۈزۈشتە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، پوچتا تېز يەتكۈزۈش كارخانىلىرى ۋە پوچتا يوللانمىسى، تېز يوللانما بىرتەرەپ قىلىش سورۇنلىرى، تىجارەت سورۇنلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. پوچتا تېز يەتكۈزۈش كارخانىلىرى جەزمەن بىخەتەرلىك باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئەڭ قاتتىق ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى «ئىش ئورنىغا چىققاندا چوقۇم تەكشۈرۈش» «خىزمەتتىن قايتقاندا قايتا تەكشۈرۈش» قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۈزۈمىنى پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى كېرەك.

تاشيول باشقۇرۇش تارماقلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، پوچتا تېز يەتكۈزۈش ئاپتوموبىللىرىدىن يول يۈرۈش ھەققى ئالماسلىق سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتوموبىلنى توختاتماسلىق، تەكشۈرمەسلىك، ھەق ئالماسلىق ۋە ئالدىن قولاي يول يۈرۈشنى يولغا قويۇشى كېرەك. پوچتا ئومۇمىي مۇلازىمىتى، ئالاھىدە مۇلازىمىتى ۋە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئاپتوموبىللارغا قارىتا، ھەرقايسى جايلاردىكى قاتناش ـ ترانسپورت مەسئۇل تارماقلىرى، پوچتا باشقۇرۇش تارماقلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش، سەھىيە ـ ساغلاملىق قاتارلىق تارماقلارنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تەكشۈرۈش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، پوچتا تېز يەتكۈزۈش ئاپتوموبىللىرىنىڭ دۆلەت، ئۆلكە غول لىنىيەلىرى، يېزا تاشيوللىرىدا نورمال يۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتا باشقۇرۇش تارماقلىرى پوچتاليون، تېز يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ساغلاملىق مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئاساسىدا، شۇ جايدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، پوچتاليون، تېز يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئولتۇراق رايونى، مەھەللە، خوجىلىق قاتارلىق باشقۇرۇش رايونىغا كىرىپ ئاخىرقى يەتكۈزۈشنى تاماملىشىغا رۇخسەت قىلىشى كېرەك. ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېز يوللانما ساندۇقى تەسىس قىلىنغان باشقۇرۇش رايونلىرىدا، پوچتاليون، تېز يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىنى تىزىملاپ ئەڭگە ئېلىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ماسكا تاقاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندىن كېيىن، ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، پوچتاليون، تېز يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ پوچتا يوللانمىسى، تېز يوللانمىلارنى بەلگىلەنگەن يول ئارقىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېز يوللانما ساندۇقىغا ئالدىن بىۋاسىتە يەتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېز يوللانما ساندۇقىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشى؛ تېخى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېز يوللانما ساندۇقى تەسىس قىلىنمىغان باشقۇرۇش رايونلىرىدا، پوچتا يوللانمىسى، تېز يوللانمىلارنى قوبۇل قىلىش، يەتكۈزۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە ئورۇن بەلگىلەپ، بەلگىلەنگەن نۇقتىدا قوبۇل قىلىش، بەلگىلەنگەن نۇقتىدا يەتكۈزۈش، ئالدىن كېلىشىپ يەتكۈزۈش قاتارلىق تەجرىبە، ئۇسۇللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مەھەللە پوچتا يوللانمىسى، تېز يوللانمىلارنى يەتكۈزۈش پونكىتى قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خادىملارنىڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشىشىنى ئازايتىپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ـ تاقابىل تۇرۇشنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار پوچتا تېز يەتكۈزۈش كارخانىلىرىنىڭ ئاخىرقى يەتكۈزۈشنى تاماملايدىغان تېز يەتكۈزگۈچىلەر ۋە نۇقتىلىق يۇقۇم رايونىدا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان شوپۇرلار، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش ئىشچىلىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسپكارلارغا ماسكا، پەلەي قاتارلىق مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى ئالدىن سەپلەپ بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خادىملارنىڭ ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىدا، لى پېڭشىن شىنجاڭنىڭ ئۈچ تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى دوكلاتى ۋە تېببىي خادىملار ۋەكىللىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق كۆرسەتتى: كۆپچىلىك ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي ۋۇخەندىكى «يۇقۇم»غا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەللىك بىلەن ئېلىشىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، باتۇرلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدىڭلار، ئىپادەڭلار ئىنتايىن قالتىس بولدى، ئىنتايىن جاپالىق ئىشلىدىڭلار، ئىسىلدا ئىنتايىن قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بەردىڭلار، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ھاياتلىق مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەم بەرپا قىلىپ، كەسپىي جەھەتتە تىرەك بولۇپ، مۇھىم تۆھپە قوشتۇڭلار. كۆپچىلىكنىڭ شەخسىي مۇداپىئە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، چەكسىز مېھر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈش، تېببىي خادىملارنىڭ مېھربانلىقىدىن ئىبارەت ئالىيجاناب روھنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. لى پېڭشىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئىلمىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىپ، ئامال قىلىپ خىزمەت، دەم ئېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، تۇرمۇش كاپالىتى، بىخەتەرلىك كاپالىتى ۋە ئادەمىيەت غەمخورلۇقىنى ياخشى قىلىپ، ھەربىر ئەترەت ئەزاسىنى ئۆيىگە تىنچ ـ ئامان قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تاپىلىدى.

لى پېڭشىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تونۇشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تېببىي خادىملارغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە داۋاملىق باتۇرلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىشى، ئاغرىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بىرىنچى ۋاقىتتا داۋالاش ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كۈچلۈك ياخشى ئارقا تىرەك بولۇشى كېرەك.

لى پېڭشىن ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتىكى تىرىشچانلىقى بولغاچقا، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز.

شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەممىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايون خەلقىنىڭ بىزنى ئويلاپ تۇرغانلىقىغا رەھمەت، داۋالاش ئەترىتىدىكىلەر بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداپ، يۇرتىمىز خەلقىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمايمىز.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن قاتارلىقلار سىنلىق كۆرۈشۈشكە بىللە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ توققۇز ئاغرىق دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئەڭ يېڭى ئۆلچىمىگە يەتتى دەپ قارالدى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ(بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 52گە يەتتى، ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىپ ئايرىپ داۋالىنىۋاتقانلاردىن 21ى بار.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)